# سەجدە قىلغان ۋاقىتتا ئىككى ئالقىنىڭنى قويغىن، ئىككى جەينىكىڭنى كۆتۈرگىن

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى:
««سەجدە قىلغان ۋاقىتتا ئىككى ئالقىنىڭنى قويغىن، ئىككى جەينىكىڭنى كۆتۈرگىن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: سەن زېمىندە سەجدە قىلغان ۋاقتىڭدا، ئىككى ئالقىنىڭنى زېمىنغا قويغىن، ئىككى جەينىكىڭنى كۆتۈرۈپ، ئىككى بېقىنىڭدىن يىراق تۇتقىن، بۇ كەمتەرلىك ھالىتىگە ئوخشايدۇ، ھورۇنلۇق ھالىتى ۋە ھايۋانلارغا ئوخشاپ قىلىشتىن يىراقتۇر، چۈنكى ئىككى جەينىكنى يەرگە چاپلىۋېلىش، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشاپ قالغانلىق ھېسابلىنىدۇ، ئىككى بىلىكنى يەرگە چاپلىۋالغاندا ئۇ كىشىنىڭ ھالى نامازغا ھورۇنلۇق قىلغۇچىنىڭ، نامازغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ۋە قەلبى بىلەن يۈزلەنمەيدىغان كىشىنىڭ ھالىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئىمام مۇسلىم مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلغان ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلغاندا ئىككى جەينىكىنى ئىككى بېقىنىدىن يىراق قىلاتتى، ئەگەر كىچىك قوزىلار جەينىكىنىڭ ئاستىدىن ئۆتمەكچى بولسا ئۆتەلەيتتى» دېيىلگەن



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee